# موھتاجلارغا
# سەدىقە بېرەيلى!




مەنبە: قصص و حكايات بالعربي







ئەلى بىلەن ئۆمەر ئەدەپ-ئەخلاقلىق
ۋە تىرىشچان باللار ئىكەن.


ئوُلار بىر كوٚنى دەرستىن چوٚشكەندىن كىيىن، ئوٚيىگە بىللە قايتىپتوُ.


ئۇلار يېرىم يولغا كەلگەندە، بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ يېپادىلەر يولىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ،
كىشىنىڭ چىرايىدىن بىرخىل غېرىبلىق ۋە بىچارىلىك چىقىپ تۇرىدىكەن.
ئۇلار ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ.
ئۇ كىشى ئۇلارنى كۆرۈپ:


ـ سەدىقە قىلىڭلار، ئاللاھ رىزقىڭلارنى كەڭرى قىلىدۇ.
ـ سەدىقە دېگەن نېمە؟
ـ كەمبەغەل ۋە مۇھتاجلارغا قىلىنغان ياخشىلىقنى سەدىقە دەيمىز.
غۇنچىلار


ـ نەچچە كۈن بولدى قورسقىم ئاچ،
يېمەكلىك سېتىۋالغۇدەك پۇلۇم يوق.
ـ ھازىر ئىسسىمگە كەلدى،
مەندە بىر تال قاتلىما بار.
غۇنچىلار



ـ تاغا، بۇنى ئېلىڭ.
ـ ئوغلۇم، ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن.
ـ تاغا، بۇنىمۇ ئېلىڭ، بۇ مېنىڭ ساقلاپ قويغان ئازغىنە پۇلۇم.
ـ ساڭىمۇ رەھمەت، ئوغلۇم.
غۇنچىلار

ئۇ ئىككىيلەن سەدىقە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمگە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىشى كېرەكلىكى توغرىلىق نەسىھەت قىپتۇ.



ئۇلار: ــ تاغا، ئەگەر ئىشلىگۈدەك كۈچىڭىز بولمىسا ساناتورىيەگە بېرىشىڭىز كېرەك. بۇنداق كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرسىڭىز، ياخشى بولمايدۇ، ــ دەپتۇ. ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ قىلغان نەسىھىتىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپتۇ.



ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ساناتورىيەگە بېرىپ، ئىگە-چاقىسىز، كەمبەغەل كىشىلەرنى يوقلاپ، سەدىقە بېرىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

